"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ 11-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى



## پانار كۆتۈرۈۋالغان ئاق خالاتلىق پەرىشتە

# ——— نايتىنگگېيل



مىللەتلەر نەشرىياتى

# پانار كۆتۈرۈۋالغان ئاق خالاتلىق پەرىشتە

# —— نايتىنگگېيىل

قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر: سۇي لى شياڭ يۈن جۇن ۋاڭ
يەن فاڭ جاڭ پىڭ

رەسىمىنى سىزغۇچىلار: مياۋ ۋېي لۇ لېي ساۋ ئېرگاڭ
لىيۇ جىڭ خېجيې ساۋ چاڭشو
ياڭ خوڭ لۇ شياۋ ۋاڭ جىڭ
چى شىن لۇ جىنگې جاڭ يۇرۇڭ شياۋ مىڭ

بەت ياسىغۇچى: جىنشيۇ شېگيى





## قىسقىچە مەزمۇنى

«دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى»—— ئىلىم-پەن، سىياسىي، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھەم ئۆز كەسپىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرغان يۈرۈشلۈك، كۆڭۈلدىكىدەك بالىلار ئوقۇشلۇقى.

بۇ كىتابلاردا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىش-ئىزلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس كۈرەش قىلىش روھى نامايان قىلىنغان. بۇ تەرجىمىھاللارنى ئوقۇساق بىزنى بىلىمگە، ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ، مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ سۈرەتلىرى نەپىس، تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كەڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ھەم يېقىن دوستى بولالايدۇ.



# نايتىڭگېيلنىڭ تەرجىمھالى

فلورېنس نايتىڭگېيل ياۋروپا-ئامېرىكا يېقىنقى زامان كۈتۈش ئىلمى ۋە سېسترالار مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ سېسترالىق كەسپىگە بېغىشلىغان يۈكسەك مۇھەببىتى «سېسترالار تارىخى»نى ياراتقان ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ قىرىم پەرىشتىسى دەپ ئاتالغان.

نايتىڭگېيل 1820-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنى ئەنگلىيىدە بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن تارتىپلا تەلەپچان ئاتا-ئانىسىنىڭ تەسىرىدە ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ئالغان. ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل بولۇپ، يوقسۇللارغا ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلىشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، كىچىكىدىن تارتىپلا سېسترلىق خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئىرادە باغلىغان. 1850-يىلى ئۇ گېرمانىيىگە بېرىپ سېسترالىق كەسپىنى ئۆگەنگەن. كېيىن قىرىم ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئۇ 38 نەپەر سېستراغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، يارىدار ئەسكەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. بۇ مەزگىلدە كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئارامۇ ئالماستىن يارىدار ئەسكەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان شۇنداقلا جەڭ مەيدانىدا يولۇققان قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دوختۇرخانىلاغا خاس باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تەسىس قىلىپ، كۈتۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ يارىدار ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكەن. ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتەك روھى كېيىنكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن شۇنداقلا خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇل سالغان. 1860-يىلى ئۇ لوندوندا ئەنگلىيە بويىچە تۇنجى سېسترالار مەكتىپىنى ئېچىپ، غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ تېببىي كۈتۈش خىزمىتى ۋە سېسترالار مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، «سېسترالىق خاتىرىسى»، «غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېببىي كۈتۈش خىزمىتى ۋە سېسترالار مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى» قاتارلىق تېببىي كۈتۈش خىزمىتىگە دائىر مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان.

ئامېرىكىلىق شائىر لوڭ فېللوۋ ئۇنى «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى پاكلىقنىڭ نەمۇنىسى، ئايال ئەزىمەت، پانار كۆتۈرۈۋالغان پەرىشتە» دەپ تەرىپلىگەن. نۆۋەتتە «نايتىڭگېيل مۇكاپاتى» ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، مۇنەۋۋەر سېسترالارغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئالىي مۇكاپات ھېسابلىنىدۇ.



1 نايتىڭگېيل 1820- يىلى 5- ئاينىڭ 12- كۈنى ئەنگلىيىنىڭ خامپشىر دېگەن يېرىدە بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.



2 نايتىڭگېيلنىڭ دادىسى بىلىمى مول، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ، نايتىڭگېيلنى ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن، ئېسىل پەزىلەتلىك قىز قىلىپ تەربىيلەپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتۈش بىلەن بىرگە فرانسۇز، گېرمان، لاتىن، گېرىك قاتارلىق كۆپ خىل تىللارنى ئۆگەتكەن.




3 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرى ئەنگلىيە ئىقتىسادى كاساتلاشقان ۋاقىتلار بولۇپ، ھەممىلا يەردە ئاپەتكە ئۇچراپ سەرگەردان بولغان مۇساپىرلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. نايتىنگگېيل گەرچە غەم - ئەندىشىسىز راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا جەمئىيەت ئۈچۈن بىر ئاز بولسىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى.




4 بىر كۈنى نايتىڭگېيل ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك مەپىسىدە كېتىۋېتىپ، يول ئېغىزىدا ئىككى ياداڭغۇ بالىنىڭ بىر پارچە كۆكىرىپ كەتكەن بولكىنى تالىشىپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەلگەن ئات ھارۋىسىغا دەسسىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە جايىدىلا جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ ئىش ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ.




5 نايتىڭگېيل ئائىلىسىدىكىلەردىن يوشۇرۇنچە دورا، يېمەكلىك، كىيىم-كېچەكلەرنى ئاغرىپ قالغان مۇساپىر ۋە كەمبەغەللەرگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. دائىم كەمبەغەللەرنىڭ كەپىلىرىگە بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە نامەلۇم بولغان يەنە بىر تەرىپىنى چۈشىنىدۇ.




6 نايتىڭگېيل 22 يېشىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىگە قەدەم قويىدۇ، ئەقىللىق شۇنداقلا بىلىم دائىرىسى كەڭرى بولغانلىقتىن ناھايىتى تېزلا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. مۆتىۋەر سىر بېنسوننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئايال پادىشاھنىڭ دائىملىق مېھمانلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.




7 بىر كۈنى، نايتىڭگېيل سىر بېنسوندىن: «قانداق قىلسام ئاشۇ كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلالايمەن؟» دەپ سورايدۇ. سىر: «چېركاۋ تەربىيىلىگەن سېستىرالار دوختۇرخانىدا كەمبەغەللەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ.» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.




8 نايتىنگېيل: "كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىمەن دەيدىكەنمەن مۇشۇ يولدا ماڭماي ئامال يوق، بىراق بۇنداق قىلسام توغرا بولارمۇ؟" دەپ ئويلايدۇ ۋە دادىسىنىڭ قەدىناس دوستى، خەير-ساخاۋەتچى ساموئىل ئەپەندىدىن يول كۆرسىتىشنى سورايدۇ.




9 ســاموئىل ئەپەندى ئۇنىڭغا: «ئىرىشـــىپ كەمبەغەللەر ئۈچۈن بەخت يارىتىش ئۇلۇغ ئىش. ســـىز بۇ يولنى توغرا دەپ قارىغان ئىكەنســـىز، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىۋېرىڭ! باشـــقىلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن!» ــ دەيدۇ. بۇ سۆزلەر نايتىڭگېلنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ.




10 شۇ يىلى كۈزدە نايتىڭگېيلنىڭ يۇرتىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلدۇ. نايتىڭگېيل ئاتا-ئانىسىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، بىمارلارغا بېرىپ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە سېسترالىقنى مەخسۇس ئۆگەنمەكچى بولىدۇ.




11 نايتىڭگېيلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ سېسترا بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالماي، قاتتىق ئاچچىقلىنىپ پىشنى قېقىپ كېتىپ قالدۇ. بۇ ئىش نايتىڭگېيلنى ناھايىتى غېرىپلىققا ۋە ئازاب ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدۇ.




12 كېيىن ئۇ بىر باھانە تېپىپ ئۆيدىن ئايرىلىپ، ئاتا-ئانىسىدىن يوشۇرۇنچە سېستىرالارنى تەربىيلەش سىنىپىغا قاتنىشىدۇ. بۇ ئىش ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ، ئۇلار نايتىڭگېيلنى جەمەتىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكتى دەپ قاراپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.




13 بۇ ۋاقىتتا نايتىڭگېيل قابىلىيەتلىك، ئىنتايىن كېلىشكەن، دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ پەرزەنتى رىچارد بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ توي تەكلىپى ئالدىدا كاللىسى زىددىيەتكە پاتتى: بىر تەرەپتىن رىچاردنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز غايىسىدىن ۋاز كېچىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئەڭ ئاخىردا، بارلىقىنى ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان بىمارلارنى كۈتۈش خىزمىتىگە بېغىشلاشنى قارار قىلدۇ.




14 نايتىڭگېيل لوندونغا كېلىپ بىر دوختۇرخانىدا بىمارلارنى كۈتۈش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدۇ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان دوختۇرخانا خولېرا كېسىلىنى داۋالاشتا مۇھىم رول ئوينىغاچقا، نايتىڭگېيلنىڭ ئىسمى يىراق - يېقىنلارغا تارقىلىشقا باشلايدۇ.




15 1854-يىلى قىرىم ئۇرۇشـــى پارتلايدۇ. جەڭ مەيدانىدا خولېرا كېســـلى تارقىلىپ، نۇرغۇن ئاغرىق ۋە يارىدار ئەسكەرلەر داۋالىنىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى شەخسەن ئۆزى نايتىڭگېيلغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ سېسترالارنى تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، داۋالاش خىزمىتىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.




16 نايتىڭگېيل 38 سېستراغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئاغرىق ۋە يارىدار ئەسكەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدۇ. ئالدىنقى سەپنىڭ داۋالاش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، دوختۇر كەمچىل بولغانلىقى ئۈستىگە دورىمۇ يېتىشمەيتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى ناچار ئىدى، يەنە كېلىپ ھەربىي قوماندانلار ئەسكەرلەرنى خورلايتتى. ھەر كۈنى نۇرغۇن يارىدار ۋە ئاغرىق ئەسكەرلەر ئۆلۈپ كېتەتتى.




17 نايتىڭگېيل بۇ خىل ناچار مۇھىت ئالدىدا قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەستىن سېستىرالارغا باشلامچىلىق قىلىپ دوختۇرخانىنى پاك-پاكىز تازىلاپ، داۋالىنىش مۇھىتىنى ياخشىلايدۇ. كۈندۈزى دوختۇرغا ياردەملىشىپ ئوپېراتسىيىگە ياردەملەشسە، ئاخشىمى يارىدارلارنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالىدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا دائىم ئەسكەرلەرگە ۋاكالىتەن ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا خەت يېزىپ بېرىدۇ.



18 ھەر كۈنى كەچتە بىر كىچىك پانارنى چىراغنى كۆتۈرۈپ كېسەلخانىلارنى بىر- بىرلەپ تەكشۈرىدۇ. نايتىڭگېلنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئاغرىق ۋە يارىدار ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ، دوختۇرخانىمۇ تەرتىپكە چۈشىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى نايتىڭگېلنى ئۆز تۇغقىنىدەك كۆرىدۇ ھەمدە يېقىنلىق بىلەن ئۇنى «پانار كۆتۈرۈۋالغان ئىلاھە» دەپ ئاتىشىدۇ.



19 قىش يېتىپ كېلىشى بىلەن داۋالاش شارائىتى تېخىمۇ ناچارلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دورىلارنى توشۇيدىغان كېمە دېڭىز بورىنىدا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. نايتىڭگېيل قىيىنچىلىق ئالدىدا قىلچە ھودۇقماي، ئىئانە قىلىنغان پۇلغا ئۆزىنىڭ يىغقان پۇللىرىنى قوشۇپ، زور مىقداردىكى جىددىي ئېھتىياجلىق دورا ۋە كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئاخىر ئۆتۈپ كېتىدۇ.




20 نايتىڭگېيلنىڭ جەڭ مەيداندىكى تۆھپىسى پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالدى. بىراق، ئۇ ئۇزۇن مەزگىل ناچار مۇھىتتا كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلىگەنلىكى تۈپەيلى سالامەتلىكى ناچارلىشىپ ئاخىر ئاغرىپ قالدى. ئەمما ئۇ كېسەلگە قارىماستىن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى.




21 نايتىنگېيل ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدۇ. ئەسلىدە ئۇ «قىرىم كېزىك كېسلى»گە گىرىپتار بولــۇپ قالغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەســكەرلەرنىڭ ھەممىســى يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغــان مەزگىللەردە، ئەنگلىيىدە يۇقىرىدىن-تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ.




22 ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىق خەۋىرى تارقالغاندا، پۈتۈن دۆلەت خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىشىدۇ. كېيىن ئۇ بارلىق ئىئانە قىلىنغان پۇللارنى ئىشلىتىپ «نايتىڭگېيل فوندى» تەسىس قىلىدۇ. يەنە «نايتىڭگېيل سېسترا تەربىيلەش مەكتىپى»نى قۇرىدۇ ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ تېبىي كۈتۈش ئىشلىرىنىڭ يولباشچىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. نايتىڭگېيل 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى يەنى 5-ئاينىڭ 12-كۈنىنى خەلقئارا سېسترالار بايرىمى كۈنى قىلىپ بېكىتىدۇ.

## 图书在版编目（CIP）数据

南丁格尔：维吾尔文/随力等编；缪维等绘；帕丽旦·阿布都热合曼译．—北京：民族出版社，2008．6
（托起明天的太阳．世界杰出人物丛书）
ISBN 978-7-105-09381-6

Ⅰ．南… Ⅱ．①随…②缪…③帕… Ⅲ．南丁格尔，F.(1820~1910)—生平事迹—少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．K835.616.2-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第083669号

本书根据农村读物出版社2004年1月第1次印刷版本翻译出版

翻　　译：帕丽旦·阿布都热合曼
责任编辑：哈尔木拉提·依明
责任校对：哈尔木拉提·依明
制　　作：沙塔尔·沙拉木

بۇ كىتاب جۇڭگو يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 2004-يىل 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى : پەرىدە ئابدۇراخمان
مەسئۇل مۇھەررىر : خالمۇرات ئىمىس
مەسئۇل كوررېكتور
بەتچىك : ساتتار سالام

出版发行：民族出版社
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010-64290862
邮　　编：100013
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
经　　销：各地新华书店
开　　本：889毫米×1194毫米 1/24 印张：1
版　　次：2008年6月第1版
　　　　　2008年6月第1次印刷
印　　数：0001—3000册
书　　号：ISBN 978-7-105-09381-6/K.1411（维43）
定　　价：5.00元

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2008-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 889×1194 م م. 24 كەسلەم باسما تاۋىقى 1
سانى : 0001-3000
باھاسى : 5.00 يۈەن

翻　　译：帕丽旦
责任编辑：哈尔木拉提·依明
责任校对：哈尔木拉提·依明






مەن پەقەت ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشلارنىلا قىلدىم، ۋەتەن ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئىشلىرىم ئۈچۈن ھېچقاچان ھەققە ئېرىشىشنى ئويلىمايمەن.

—— نايتىنگگېيل







ISBN 978-7-105-09381-6
9 787105 093816 >
定价：5.00元